## 98283 ـ روزىدار تاھارەت ئالغاندا بۇرنىنى چايقاش جەريانىدا دىمىغىدىن سۇ ئۆتۈپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟

### سۇئال

تاھارەت ئالغاندا بۇرنىنى تازىلاش جەريانىدا گېلىدىن سۇ ئۆتۈپ كەتسە بۇ روزىنى بۇزامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: روزىدار كىشى رامزاندا تاھارەت ئالغاندا بۇرنىغا ھەددىدىن زىيادە سۇ ئالماسلىقى لازىم. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تاھارەتنى مۇكەممەل ئېلىڭلار، بارماقلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى ئارىلاڭلار، روزىدار ھالەتتە بۇرنىڭلارغا بەك زىيادە سۇ ئالماڭلار» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 142-ھەدىس. تىرمىزى رىۋايىتى 788-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

بۇ ھەدىس رامزاندا روزىدار كىشى بۇرنىنى تازىلىغاندا گېلىغا سۇ ئۆتەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇرنىغا بەك زىيادە سۇ ئېلىشتىن يىراق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىككىنچى: ئەگەر روزىدار كىشى ئېغىزىنى يۇسا ياكى بۇرنىنى تازىلىسا، شۇ ئارىدا ئۇ كىشىنىڭ ئىختىيارلىقسىز گېلىدىن سۇ ئۆتۈپ كەتسە بۇنىڭ روزىغا تەسى بولمايدۇ، بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلَيۡسَ عَلَيۡكُمۡ جُنَاحٌ فِيمَآ أَخۡطَأۡتُم بِهِۦ وَلَٰكِن مَّا تَعَمَّدَتۡ قُلُوبُكُمۡ تەرجىمىسى: «سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)» [سۈرە ئەھزاب 5-ئايەت].

بۇ كىشى چىن دىلىدىن روزىنى بۇزىدىغان ئىشنى قىلمىدى. ئۇ كىشىنىڭ روزىسى توغرا بولىدۇ. ["شەرھىل مۇمتىئ" 6-توم 240- 246-بەتلەر].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.